السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئاللاھ شېھىتنىڭ قەرزىدىن باشقا ھەممە گۇناھىنى كەچۈرىۋېتىدۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ شېھىتنىڭ قەرزىدىن باشقا ھەممە گۇناھىنى كەچۈرىۋېتىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش، قەرزدىن باشقا ھەممە گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ» دېيىلگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: شېھىتلىك مەرتىۋىسى قەرزدىن باشقا چوڭ-كىچىك ھەممە گۇناھنى ئۆچۈرىدۇ، قەرزنى ئۆچۈرمەيدۇ، ئۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ھەققىنىڭ بولۇپمۇ مالغا ئالاقدار ھەقنىڭ كاتتا بولغانلىقىدىندۇر، چۈنكى مال ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئەزىز، قەرىزگە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا ئالاقدار بولغان ئوغۇرلۇق، بۇلاڭچىلىق، خىيانەت قاتارلىق نەرسىلەر قېتىلىدۇ، ھەقىقەتەن جىھاد، شېھىتلىك ۋە باشقا ياخشى ئەمەللەر ئاللاھنىڭ ھەققىگە ئالاقدار بولغان گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئۆچۈرەلمەيدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3589

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee